شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 11 - ئاي
11
چارشەنبە
维吾尔文 11 月11日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25242 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ بوئاۋ ئاسىيا مۇنبىرى خەلقئارا پەن - تېخنىكا ۋە يېڭىلىق يارىتىش مۇنبىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىنى ئېچىلغانلىقىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بوئاۋ ئاسىيا مۇنبىرى خەلقئارا پەن - تېخنىكا ۋە يېڭىلىق يارىتىش مۇنبىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىنى ئېچىلغانلىقىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: بۈگۈنكى دۇنيادا، يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپ ئۆزگىرىشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىپ، يەر شارىۋى تەرەققىياتتىكى قىيىن مەسىلىلەر ۋە خىرىسلارنى ھەل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنى يېڭى يول بىلەن تەمىنلىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شى جىنپىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 20 - قېتىملىق يىغىنىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى «شاڭخەي روھى»نى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ چىڭ تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى



11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا سىن شەكلىدە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 20 - قېتىملىق يىغىنىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۆرېن فوتوسى

11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا سىن شەكلىدە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 20 - قېتىملىق يىغىنىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى دىڭ لىن فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كەچتە بېيجىڭدا سىن شەكلىدە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 20 - قېتىملىق يىغىنىغا قاتناشتى ھەم ««شاڭخەي روھى»نى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ چىڭ تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى «شاڭخەي روھى»نى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، خەۋپسىزلىك، مۇقىملىقنى قوغداپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق قەلبىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قول تۇتۇشۇپ سەھىيە - ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى، خەۋپسىزلىك ئورتاق گەۋدىسى، تەرەققىيات ئورتاق گەۋدىسى، ئادىمىيەت ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي ئىزدىنىشى كېرەك. (**سۆزنىڭ تولۇق تېكىستى 2 - بەتتە**)

بۇ قېتىمقى يىغىنغا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلىتى رۇسىيەنىڭ زۇڭتۇڭى پۇتىن رىياسەتچىلىك قىلدى، ھىندىستان زۇڭلىسى مودى، قازاقىستان زۇڭتۇڭى توقايېۋ، قىرغىزىستاننىڭ مۇۋەققەت زۇڭتۇڭى جاپاروۋ، پاكىستان زۇڭلىسى ئىمران خان، تاجىكىستان زۇڭتۇڭى راخمان، ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭى مىرزىيويېۋ قاتارلىق ئەزا دۆلەتلەر رەھبەرلىرى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى نورروۋ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى رايون تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئاپپاراتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى گىئوسوۋ قاتارلىق دائىمىي ئاپپاراتلارنىڭ مەسئۇللىرى ھەمدە ئافغانىستان زۇڭتۇڭى غەنى، ئىران زۇڭتۇڭى روھانىي، موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ زۇڭتۇڭى باتتۇلگا، بېلارۇسىيە زۇڭلىسى گولوۋچېنكو قاتارلىق كۆزەتكۈچى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس يىغىنغا قاتناشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئادىل، ھەققانىي بولغان، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلىدى. يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، ھەرقايسى تەرەپلەر جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ۋە خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقى ئۈچۈن ئاكتىپ كۈچ قوشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى خەلقئارا ئەندىزىنىڭ تەڭشىلىشىنى تېزلەشتۈرۈۋەتتى، دۇنيا داۋالغۇش، ئۆزگىرىش مەزگىلىگە كىردى. خەلقئارا جەمئىيەت كۆپ تەرەپلىك ۋە يەككە تەرەپلىك، ئېچىۋېتىش ۋە بېكىنمىچىلىك، ھەمكارلىشىش ۋە قارشىلىشىشتەك ئېغىر، زور سىناقلارنى باشتىن كەچۈرمەكتە. «دۇنياغا نېمە بولدى، بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك»، بۇ دەۋر سوئالى بولۇپ قالدى، ھەرقايسى دۆلەتلەر خەلقلىرىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى تېخىمۇ كۈچەيدى، تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىشتەك دەۋر ئېقىمىنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى ھەم داۋاملىق ئىسپاتلايدۇكى، ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق جەزمەن قوشنىسىغا ئورا كولاشتىن ھالقىپ كېتىدۇ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ھەمكارلىق جەزمەن نۆل نەتىجىلىك كۈچ سىنىشىشنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ، كۆپ تەرەپچىلىك جەزمەن يەككە تەرەپچىلىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ھازىرقى ۋەزىيەتتە، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى «شاڭخەي روھى»نى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، رايون دۆلەتلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي ئىزدىنىشى كېرەك.

بىرىنچى، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، سەھىيە - ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش كېرەك. ھەرقايسى دۆلەتلەر بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، رايون ۋە يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغدىشى كېرەك. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاچقۇچلۇق رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاپ، يۇقۇمنى سىياسىيلاشتۇرۇش، ۋىرۇسنى بەلگىلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، «سىياسىي ۋىرۇس»قا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ئەزا دۆلەتلەرنىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىدە قىزىق لىنىيەلىك ئالاقە تەسىس قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بۇ تەشكىلاتتىكى دۆلەتلەرنىڭ ۋاكسىنا ئېھتىياجىنى پائال ئويلىشىشنى خالايدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

دۇنيانى كۆڭۈلگە پۈكۈش

—— رەئىس شى جىنپىڭنىڭ 3 - نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە سۆزلىگەن ئاساسىي مەقسەت نۇتقى توغرىسىدا خاتىرە

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى**

كۈچلۈك شەرق شامىلى، ھەيۋەتلىك چوڭ دېڭىز، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان پۇجياڭ دەرياسى.

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كەچتە، شەكلى «تۆت قۇلاق»قا ئوخشايدىغان شاڭخەي دۆلەت يىغىن، كۆرگەزمە مەركىزى يەنە بىر قېتىم كاتتا بېزەلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سىن شەكلىدە ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلىدى. بۇ يەنە رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئۇدا ئۈچ يىل بۇ مەيداندا دۇنياغا جۇڭگو تەشەببۇسىنى جاكارلىشى.

ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى تەشەببۇس قىلدى، قول تۇتۇشۇپ مەسئۇلىيەتنى ئورتاق زىممىگە ئېلىشنى مۇراجىئەت قىلدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئىمپورت كۆرگەزمىسىدىكى ئاساسىي مەقسەت نۇتقىدا تارىخنىڭ چوڭ يۈزلىنىشى كۆزىتىلدى، ئىلگىرىلەش ئېقىمىغا يېتەكچىلىك قىلىندى، يېڭى دەۋردە جۇڭگونىڭ دۇنيا بىلەن يۇغۇرما تەرەققىي قىلىشقا بولغان ئىشەنچى، مەسئۇلىيەتچانلىقى نامايان قىلىندى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خىرىسقا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش، تېخىمۇ گۈزەل دۇنيانى ئورتاق قۇرۇشتىن ئىبارەت تەڭكەش مېلودىيەسى ياڭرىتىلدى.

(1)

ۋەدە ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك.

يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن يەر شارىدا يامرىدى، دۇنيا ئىقتىسادى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى، نۇرغۇن دۆلەت خەلقئارالىق چوڭ تىپتىكى كۆرگەزمىلەرنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ ياكى ئەمەلدىن قالدۇردى. پەۋقۇلئاددە يىل، چوڭ سىناق يىلىدا، جۇڭگو بىر نۆۋەتلىك بىخەتەر، ئېسىل، مول نەتىجە - ئۈنۈملۈك ئىمپورت كۆرگەزمىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى، بۇ ئاسان ئەمەس.

«جۇڭگو يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، بۇ يەر شارىۋى كاتتا سودا كۆرگەزمىسىنى ئۆز قەرەلىدە ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگونىڭ دۇنيا بىلەن بازار پۇرسىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش سەممىي ئارزۇسىنى گەۋدىلەندۈردى» دېدى رەئىس شى جىنپىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا.

«ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئۆز قەرەلىدە ئۆتكۈزۈلۈشى جۇڭگونىڭ باشلامچىلىق بىلەن دۇنيادا يۇقۇمنى تىزگىنلىگەنلىكىدىن، باشلامچىلىق بىلەن پۈتۈن يەر شارىدىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئارىسىدا ئىقتىسادنىڭ مۇسبەت ئېشىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىدىن بولدى» دېدى خېرىيۇس بۇيۇك جۇڭخۇا رايونىنىڭ لىدېرى ئەي جوۋپىڭ.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ دوكلات بېرىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

چېن چۇەنگو دوكلات بەردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ دوكلات بېرىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو لېكسىيە دوكلاتى بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر دوكلات بېرىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۇنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۇەنگو لېكسىيە دوكلاتىدا دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، پايدىلىق شارائىت ۋە مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تونۇش، 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان ۋە «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى پىكىرى، مۇھىم نىشانى، نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى دەل جايىدا ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش ئىستراتېگىيەلىك تەسەۋۋۇرى ۋە نۇقتىلىق كۈچەش نۇقتىسىنى مەھكەم ئىگىلەش، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش قاتارلىق تەرەپلەرنى نۇقتىلىق چۆرىدەپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىلمىي، سىستېمىلىق، چوڭقۇر، چۈشىنىشلىك شەرھلىدى، چۈشەندۈردى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)